# ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى پېشقەدەم رەھبەرلەر، پېشقەدەم يولداشلار، پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى ۋە تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرىدىن ھال سورىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەھەللىلەردىكى پېشقەدەم تايانچ پارتىيە ئەزالىرى، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى ۋە خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋەكىللىرىدىن تېلېفون بېرىش قاتارلىق شەكىللەردە ھال سوراپ، ياكى ئالاقىدار تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلارغا ھال سوراشنى ھاۋالە قىلىپ، ئۇلارغا بايراملىق سەممىي سالام يوللىدى، ئۇلارنىڭ چاغنىنىڭ خۇشال ـ خۇرام ئۆتۈشىگە، ئائىلىسىنىڭ بەختلىك بولۇشىغا چىن قەلبىدىن تىلەكداشلىق بىلدۈردى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى رەھبەرلىرى ھەربىي رايوندىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم يولداشلاردىن ھال سورىدى.

چېن چۇەنگو، شۆھرەت زاكىر قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئۆتكەن بىر يىلدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك ئىشلاردا يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يول باشلاپ رولچى بولغانلىقى، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ شانلىق يېتەكچىلىكىنىڭ نەتىجىسى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى، سەممىي غەمخورلۇقىنىڭ نەتىجىسى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شەخسىيەتسىز ياردەم بەرگەنلىكى، زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلقنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، بۇنىڭغا ھەرقايسى پېشقەدەم رەھبەرلەر، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ يۈرەك قېنى ۋە جاپالىق ئەجرى تېخىمۇ مۇجەسسەملەنگەن. كۆپچىلىكنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرىگە ئىلگىرىكىدەكلا كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئۇنى قوللاپ، ئەۋزەللىكى، رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىش، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشىنى سەممىي ئۈمىد قىلىمىز.

پېشقەدەم يولداشلار ۋە پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىغا چىن قەلبىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ئۇلار مۇنداق بىلدۈردى: ئۆتكەن بىر يىل يېڭى جۇڭگو تارىخىدىكى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇردى، ئەمەلىيلەشتۈردى، مۇقىملىق، تەرەققىياتتا ئالاقىدار تۈرلۈك ئىشلاردا يېڭى ئىلگىرىلەش، يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. ئۇلار بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قوللاپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ قوشۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئارمىيەنى سىياسىي ئارقىلىق قۇرۇش، ئارمىيەنى ئىسلاھات ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كەڭ تەرىپلىشىگە ئېرىشتى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىدىغان، غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلالايدىغان، ئىستىلى ئېسىل بولغان قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان قىسىم، شىنجاڭنى مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ۋە مۇستەھكەملەشتىكى سادىق قوغدىغۇچى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى قوغدايدىغان مۇستەھكەم ئۇل تاش، پارتىيە ۋە خەلق پۈتۈنلەي ئىشىنىدىغان، تايىنىدىغان پولات سېپىل.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ يىل «14 ـ بەش يىل» باشلانغان يىل، پارتىيەمىز پارتىيە قۇرغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى كېرەك. ئارمىيە بىلەن يەرلىك «بىر تاختا شاھمات» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى قوللاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، قىسىمنىڭ ئىسلاھاتى، قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللاپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كەڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ غەم ـ ئەندىشىسى، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە قىسىم تەرەققىياتىنىڭ كۈچلۈك ئارقا تىرەكى بولۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، دۆلەت مۇداپىئەسىنى قوللايدىغان، دۆلەت مۇداپىئەسىگە قاتنىشىدىغان قويۇق جەمئىيەت كەيپىياتى يارىتىشى كېرەك.

چېن چۇەنگو شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ۋە رەئىس شى جىنپىڭنىڭ قوماندانلىقىغا قەتئىي بويسۇنۇپ، سىياسىي جەھەتتىن يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى گۈللەندۈرۈش روھىنى مۇستەھكەملەپ، دىققەتنى ئەسكەرلەرنى مەشقلەندۈرۈپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش، غەلىبە قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاگاھ سىگنالنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىش، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش ئېغىر ۋەزىپىسىنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ يۇغۇرۇلۇشى، ئىككىنى ھىمايە قىلىش ـ ئورتاق بەرپا قىلىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىنى قوغداش ئىستراتېگىيەلىك ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن يېڭى دەۋردىكى بۇرچ، ۋەزىپىنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئېلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەشنى ئۈمىد قىلدى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۇەنى ليۇ ۋەنلۇڭ، 63650 ـ قىسىمنىڭ سىلىڭيۇەنى ساۋ جىنيۇن، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ جېڭۋېيسى ۋاڭ ئەيگو، ھاۋا ئارمىيە ئۈرۈمچى بازىسىنىڭ مۇئاۋىن جېڭۋېيسى چيەن چاڭچىڭ، قوراللىق ساقچى قىسىم بىڭتۇەن باش ئەترىتىنىڭ جېڭۋېيسى شى شيېڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارغا ۋاكالىتەن سۆز قىلدى. ئۇلار بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈشتەك شەرەپلىك ئەنئەنىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى پائال قوللاپ، تىرىشىپ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىمىز.



2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى كەنت ئاھالىلىرى بىلەن بىللە جۇۋاۋا تۈگمەكتە. شۇ كۈنى جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ كۇچا شەھىرىنىڭ ياقا بازىرى ئاقبۇيا كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى «چاغاننى كۈتۈۋېلىش، بەخت تىلەش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى كەنت ئاھالىلىرى بىلەن بىللە جۇۋاۋا تۈگۈپ، پانۇس ئېسىپ كاتتا بايرامنى خۇشال كۈتۈۋالدى.
□نىياز راخمان فوتوسى

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى چاغان ئالدىدا ئۈرۈمچىدە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، تەكشۈردى

# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش كىرىچىنى چىڭىتىپ، چاغاننى تىنچ ـ ئامان، خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

ئانار بولۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **لياڭ لىخۇا، ياڭ شۇخەن** خەۋەر قىلىدۇ: چاغان ئالدىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۈرۈمچى يىپەك يولى خەلقئارا ئىستىراھەت رايونى قار تېيىلىش مەيدانى، شيەنلەي بازىرى كۈەنجەي كوچىسى، بېيجىڭ يولى خۇيجيا دەۋر سودا سارىيى، شىنجاڭ شۆفېڭ پەن ـ تېخنىكا(گۇرۇھ) پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ ئايرودرۇم(گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ دوستلۇق بەيشېڭ مال سېتىۋېلىش مەركىزىگە كېلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، چاغانلىق يولۇچى توشۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا چاغان ئالدىدىكى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كاتتا بايرامنى خۇشال ـ خۇرام، خاتىرجەم، تىنچ ـ ئامان ئۆتكۈزۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

يىپەك يولى خەلقئارا ئىستىراھەت رايونى قار تېيىلىش مەيدانىدا، ئەركىن تۇنىياز قار تېيىلىش مەيدانىنىڭ تىجارەت مەزگىلىدىكى ساياھەتچىلەر ئېقىمى ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىدى ھەم ئاسما ۋاگون قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى تەكشۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: بىخەتەرلىك تورى، ئاسما يول قاتارلىق بىخەتەرلىك ئەسلىھە ـ جابدۇقلىرىنى ئاسراش، تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، قار تېيىلىش مەيدانىنىڭ يوشۇرۇن خەۋپ ـ خەتىرىنى ئازايتىپ، بىخەتەرلىك ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنى قەتئىي توسۇش كېرەك.

شيەنلەي بازىرى كۈەنجەي كوچىسىدا، ئەركىن تۇنىياز سودىگەرلەر بىلەن پاراڭلىشىپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى مەسىلىسى توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئاڭلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئاساسلىق مەسئۇل تارماقلار جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش مانېۋىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى، ئوت مۇداپىئە مەسئۇلىيىتى بار ھەرقايسى ئورۇنلار بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، ھەمكارلىشىش، ماسلىشىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىرلەشمە مانېۋىرنى دائىم قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ھادىسە يۈز بەرگەندە تېز، ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

بېيجىڭ يولى خۇيجيا دەۋر سودا سارىيىدا، ئەركىن تۇنىياز تاللا بازىرىغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ، سودا سارايىنىڭ ئوت مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: سودا سارايى ئادەملەر زىچ توپلىشىدىغان سورۇن، چوقۇم چوڭ تىپتىكى سودا ئۇنىۋېرسال گەۋدىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپىنى تۈگىتىپ، بىخەتەرلىكنى ئۇزاق ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى تاكاممۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، جاڭ چۈنلىن شىنجاڭ شۆفېڭ پەن ـ تېخنىكا(گۇرۇھ) پاي چەكلىك شىركىتىگە كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى كۆزىتىش ـ كونترول قىلىش سىستېمىسىنى تەكشۈردى، كارخانا مەسئۇللىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىخەتەر تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭىتىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇش كېرەك. بىخەتەرلىكنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تاكاممۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈرلۈك تۈزۈم ـ بەلگىلىمىلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ياخشى بىرتۇتاش پىلانلاش كېرەك.

شىنجاڭ ئايرودرۇم(گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە، جاڭ چۈنلىن خىزمەتچى خادىملارنىڭ يولۇچى توشۇشتىكى بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ، ئىش ئورنىدا ئىشلەۋاتقان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە چاغانلىق بەخت تىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ تۈرلۈك تەلەپلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلققە قولايلىق يارىتىش، خەلققە پايدا يەتكۈزۈش مۇلازىمەت تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يولۇچىلارنىڭ تىنچ ـ ئامان، تەرتىپلىك، راۋان سەپەرگە چىقىشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شىنجاڭ دوستلۇق بەيشېڭ مال سېتىۋېلىش مەركىزىدە، جاڭ چۈنلىن بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەشكە ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى باشتىن ـ ئاخىر چىڭىتىپ، «سەككىز تۈرلۈك كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. مۇلازىمەت ئىدىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خېرىدارلارغا خۇشال ـ خۇرام، ئىناق بايرام كەيپىياتى يارىتىپ بېرىش كېرەك. جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى ياخشى تۈزۈپ، چاغان مەزگىلىدە ماددىي ئەشيا كاپالىتى بىلەن تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.